# 129407 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

بەزى مۇسۇلمانلار ئامېرىكىدا ئۆتكۆزۈلگەن "پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگنچىسى "ناملىق پىروگراممىدا بەزى تالاش-تارتىشلار مەيدانغا كەلدى. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن: ئەرەپ تىلىدىكى (ئاخەر ) ياكى (خاتەم) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟بۇنىڭ قۇرئان-ھەدىستىن بولغان دەلىلى؟، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زاماندا ئاسماندىن چۈشىشى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى دېگەن سۆز ئاخىرلىشامدۇ ياكى داۋام قىلامدۇ؟. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن كىشىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ ئۇ كاپىر بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟ مۇشۇ ئەتراپتا باشقا مەسچىت بولمىسا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرىدۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن بەش تۈرلۈك خىسلەت بىلەن بارلىق پەيغەمەرلەردىن ئارتۇق قىلىندىم: ماڭا شاپائەت قىلىش مەرتىۋىسى بېرىلدى، مەن بىلەن پەيغەمبەرلىك ئاخىرلاشتى، ماڭا غەنىمەتلەر ھالال قىلىندى، زېمىننىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن پاك ۋە ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىندى، مەن بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم.» بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى . ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى» دېدى. بۇنىڭ مەنىسى: ئۇ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر دېمەكتۇر. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ». يەنى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرلاشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىمۇ ۋە پەيغەمبەرمۇ كەلمەيدۇ.

ھەقىقەتەن ئىسا ئەلەيھىسسالام زېمىنغا چۈشكەن ۋاقىتتا، زېمىندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى ئىجرا قىلىنىدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن

كېيىن كەلگەن پەيغەمبەر دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، بەلكى ئۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن بىر ئۈممەت بولۇپ، ئۇنىڭ شەرئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ.

كىمكى مۇھەممەدئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يەنە يېڭىدىن پەيغەمبەر كېلىدۇ ياكى مۇھەممەدئەلەيھىسسالامدىن كېيىنمۇ پەيغەمبەر كېلىشى توغرا بولىدۇ دېگەننى دەۋا قىلسا، ئۇ كىشى كاپىر بولىدۇ، شۇنىڭدەك، مۇشۇ شەرئەت ئاخىرقى شەرئەت ئەمەس دەپ قارىغان كىشىمۇ ئوخشاشلا كاپىر بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكى بىلىنسە، ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇش توغرا بولمايدۇ، بۇرۇن ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇلغان نامازلار بولسا، ئۇنى قايتىدىن ئوقۇش كېرەك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.